# 162299 ـ سول قولى بىلەن ئۈلاغ بوغۇزلاشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

سول قولى بىلەن ئۈلاغ بوغۇزلاشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

سول قولى بىلەن ئۈلاغ بوغۇزلىسا ھېچ گەپ بولمايد، يەنى توغرا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت پەتىۋا بۆلۈمى ئالىملىرىدىن " :بىر كۈنى ۋەلىيمە قىلماقچى بولۇپ مېھمانلارغا تاماق تەييارلاش ئۈچۈن ئاشپەز ئۇستامنى چاقىردىم، قاراپ تۇرسام ئۇ كىشى بىسمىللاھ دەپ ئۈلاغنى سول قولى بىلەن بوغۇزلىدى، شەرىئەتتە بۇيرۇلغان تەكبىر بولسا" :بىسمىللاھ ۋاللاھۇ ئەكبەر "دېيىش ئىدى، مەن ئۇنىڭغا " مال بوغۇزلاش بۇنداق ئەمەس دەپ ۋاقىردىم، ئۇ كىشى ماڭا: مەن بۇ توغرىدا ئۇستازلاردىن پەتىۋا سورىغان، مۇشۇنداق شەكىلدە سول قولۇم بىلەن مال بوغۇزلاشنى توغرا بولىدۇ دېگەن دېدى، بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟ دەپ سورالغاندا ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن" :بۇنداق قىلسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا ئوڭ قولى بىلەن بوغۇزلىسا ياخشى بولىدۇ ." ["دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى- 22 " توم- 475-474 بەتلەر].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.